سەللەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

# نامراتلارنى يۆلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 1991 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، مەملىكەتلىك نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. بۇ، پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن بولدى.

ھاللىق جەمئىيەتكە يۈرۈش قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، جۇڭگو يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ كېيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى.

1984 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن بىرلىكتە «نامرات رايونلارنىڭ قىياپىتىنى تېز ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئون نەچچە تۇتاش نامرات رايوننىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، 1986 ـ يىلدىن باشلاپ، دۆلىتىمىز پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى پىلانلىق، تەشكىللىك، كەڭ كۆلەملىك قانات يايدۇردى.

90 ـ يىللارغا كىرگەندىن كېيىن، گوۋۇيۈەن ئوتتۇرىغا قويغان «7 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە كۆپ ساندىكى نامرات رايونلاردىكى ئامىمىنىڭ كېيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆلچەم تۆۋەن، تۇراقسىز، تەڭپۇڭسىز، پەرق بىرقەدەر چوڭ ئىدى.

1991 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، مەملىكەتلىك نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پارتىيە ۋە دۆلەت نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى بوشاشماي چىڭ تۇتۇپ، كۆپ قېتىم نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېزىلاردىكى كېيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنمىغان نامرات ئاھالە 80 مىليون ئادەمگە ئازايدى. بۇ بىر قىسىم نامرات ئاھالە ئاساسلىقى تەبىئىي مۇھىتى ئىنتايىن ناچار، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى ناچار رايونلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، نامراتلارنى يۆلەش جەھەتتىكى قىيىنلىق دەرىجىسى بارغانسېرى زورايدى.

بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا، گوۋۇيۈەن 1994 ـ يىلى «دۆلەتنىڭ يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون نامراتنى يۆلەش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى»نى تۈزۈپ يولغا قويۇشقا باشلاپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يەتتە يىل ئەتراپىدا ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا يېزىلاردىكى 80 مىليون نامرات نوپۇسنىڭ كېيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسىنى تىرىشىپ ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ پىلانغا ئاساسەن، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە تېز سۈرئەتتە پۈتۈن پارتىيە ھەرىكەتكە كېلىش، پۈتۈن جەمئىيەت سەپەرۋەرلىككە كېلىش، كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ نامراتلارنى يۆلەشتەك يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەندى. كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

# سادىقلىقنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش سەرخىل ئەسكەرلەرنى تاۋلاش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

1949 ـ يىلى، لەنجوۋ ئۇرۇشىدىكى داڭلىق ئاساسىي جەڭگاھ شېن جيالىڭدا، 3 ـ لېيەن ئاساسىي ھۇجۇم ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، دۈشمەن قوشۇنى بىلەن 14 سائەت شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، 63 ئادەمنىڭ قۇربان بولۇش بەدىلىگە «لەنجوۋدىكى مۇھىم تۈگۈن»نى بۆسۈپ ئۆتكەن. جەڭدىن كېيىن، 3 ـ لېيەنگە «جەسۇر يولۋاستەك ھۇجۇم قىلغۇچى قەھرىمان لېيەن» دەپ شەرەپلىك نام بېرىلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، «جەسۇر يولۋاس 3 ـ لېيەنى» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

85 يىللىق بوران ـ چاپقۇنلۇق مۇساپىدە، جەنۇبىي گەنسۇ، شىزاڭ قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتكەن 3 ـ لېيەننىڭ قىزىل قەلبى بارغانسېرى مۇستەھكەملەندى، ساداقەتمەنلىكى بارغانسېرى زورايدى. 3 ـ لېيەن تۇرۇشلۇق جايدا، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ تەسىرلىك بايانلىرىنى ئاڭلاپ، باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىش، باتۇرلۇق بىلەن مەشىق قىلىش، جىگەرلىك، جاسارەتلىك بولۇپ مەشىق قىلىش مەنزىرىسى جانلىق نامايان بولدى، كۆز ئالدىمىزدا قايتا پەيدا بولدى.

«جەسۇر يولۋاس 3 ـ لېيەنى» يۇقىرى ئۆلچەمدە مەشىق قىلغاچقا كەسكىن ئىجرا قىلالايدۇ. 2014 ـ يىلى قىشتا، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 30 سېلسىيە گرادۇس بولىدىغان تيانشان باغرىدا، ئىككى لېيەندۇي ئەمەلىي ئەسكەرلەر تىركىشىش مانېۋىرى ئۆتكۈزدى. مۆلچەرىي تەسىس قىلىنغان قونالغۇغا يېقىن جايدا، مەرگەن فاڭ ياڭ جىمجىت يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈش پۇرسىتىنى كۈتتى. «ئەينى ۋاقىتتا قار قېلىن ياغقان بولۇپ، ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇ قارلىق يەردە توپتوغرا ئۈچ سائەت ياتقاندى.» تىركىشىش مانېۋىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، فاڭ ياڭنىڭ بىلىكى ئېغىر دەرىجىدە ئۈششۈپ ئىششىپ كېتىپ، مەشىق كىيىمىنىمۇ سالالماي قالغانلىقى ئىلگىرى 3 ـ لېيەننىڭ لېيەنجاڭى بولغان 1 ـ يىڭنىڭ مۇئاۋىن يىڭجاڭى سۈن خۇڭجياڭنىڭ ھازىرغىچە ئېسىدە ئىكەن.

«ئۆزۈڭگە بۇنچە رەھىمسىزلىك قىلىپ نېمە قىلىسەن؟ بۇ، پەقەت بىر مەيدان تەقلىدىي تىركىشىش مانېۋىرى تۇرسا» دەپ سورىدى بەزىلەر.

«3 ـ لېيەنگە ۋەكىل بولۇپ جەڭ قىلغان ئىكەنمەن، لېيەن بايرىقى مېنىڭ قولۇمدا يىقىلىپ قالسا ھەرگىز بولمايدۇ» دېدى فاڭ ياڭ.

بۇنداق جۇشقۇنلۇق ۋە ھاياتىي كۈچ 3 ـ لېيەندىكى ھەربىر جەڭچىنىڭ جىسمىدا تولۇق نامايان بولغانىدى.

بەزىلەر 3 ـ لېيەندىكى جەڭچىلەرنىڭ «يولۋاستەك جاسارىتى» بار، «دۈشمەنگە دۈچ كەلگەندە شەمشەر ئوينىتالايدۇ، قىيىن ئەھۋالغا دۈچ كەلگەندە چوقۇم ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلالايدۇ» دېيىشىدۇ. بۇ، 3 ـ لېيەننىڭ لېيەنجاڭى جاڭ خاۋنىڭ 3 ـ لېيەننىڭ «يولۋاستەك جاسارىتى»گە بەرگەن ئىزاھاتى ئىدى.

## ■ قەلبتە روھ بولۇش قەتئىي نىيەتتە پارتىيەگە تەلپۈنۈش

ئارمىيە روھى قەلبلەرگە سىڭدى، جەڭ بايرىقى مەڭگۈ پارتىيە بايرىقىغا ئەگىشىپ جەۋلان قىلدۇ. 3 ـ لېيەننىڭ بۇرج چۈشەنچىسى مەشىققە قويۇلغان قاتتىق تەلەپتە ئىپادىلىنىپلا قالماي، روھقا ۋارىسلىق قىلىشتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

ھەر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ياتاققا قايتماستىن، ئۆگىنىش ئۆيىگە كىرىپ، قايتا كۆرسىتىلىدىغان «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر»نى كۆرۈش جەڭچىلەرنىڭ كۈندىلىك «چوقۇم ئوقۇيدىغان دەرسى». ئۇنىڭدىن كېيىن كوماندىر ـ جەڭچىلەر چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، پارتىيە تارىخى، ئارمىيە تارىخىنى ئۆگىنىدۇ، تۈەن تارىخى، لېيەن تارىخى توغرىسىدا سۆزلىشىدۇ، ھەربىر جەڭچى تەسىراتىنى سۆزلەيدۇ.

«لېيەندۈيىمىز يەنە دائىم نەزەرىيە كەچ كۇرسى، ئەسكەرلەر مۇنبىرى قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەربىيلەرنىڭ جاسارىتى، ھەربىيلەرنىڭ شان ـ شەرەپى، ھايات ـ مامات، پايدا ـ زىيان، پۇل ـ مەنپەئەت قاتارلىق رېئال مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، ئەتراپىدىكى يېڭى، جانلىق مىساللارغا بىرلەشتۈرۈپ، كۆپچىلىكنى ھايات كەچۈرۈش ئۇسۇلى ۋە پوزىتسىيەسى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىپ، مۇھاكىمە قىلىپ، تەھلىل قىلىپ، دۇرۇس ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسىي قائىدىسىنى ھېس قىلىشقا تەشكىللەپ، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ ئىدىيە جەھەتتە ھەر ۋاقىت ئاقىلانىلىك، ساغلاملىقنى ساقلىشىغا تۈرتكە بولدۇق» دېدى جاڭ خاۋ.

3 ـ لېيەننىڭ ئۆگىنىش ئۆيىگە كىرگەندە، قويۇق ئۆگىنىش كەيپىياتىنى ھېس قىلغىلى بولدۇ، كىتاب جاھازلىرىغا ھەر خىل قىزىل كىتابلار، شۇنداقلا جەڭچىلەرنىڭ ئۆگىنىش خاتىرىلىرى رەت ـ رەت تىزىلغانىدى. لېيەندۈيى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى لېيەندۈي قۇرۇلۇشىنىڭ جېنى قىلىپ، قەلبتە روھ بولۇش، قەتئىي نىيەتتە پارتىيەگە تەلپۈنۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قىزىل گېنىنى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ قېنىغا سىڭدۇردى.

جاڭ خاۋ مۇنداق تونۇشتۇردى: ھەر يىلى يېڭى جەڭچىلەر 3 ـ لېيەنگە كەلگەندە، ئۆگىنىدىغان تۇنجى سائەتلىك دەرسى لېيەندۈينىڭ شان ـ شەرەپ ئۆيىگە بېرىپ تارىخىي ئەنئەنىنى ھېس قىلىش، ئۆگىنىدىغان تۇنجى ناخشىسى «قىزىل ئارمىيە شىسىنىڭ جەڭ مارشى»، يازىدىغان تۇنجى تەسىرات ماقالىسى قانداق قىلىپ قىزىل ئارمىيە لېيەنىنىڭ ياخشى ۋارىسى بولۇش. يېڭى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كادىرلار ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندا، ئالدى بىلەن پۈتۈن لېيەندىكىلەر ئالدىدا ئەنئەنىۋى ئۆتكەل، نەزەرىيە ئۆتكىلى، ھەربىي ئىشلار ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشى كېرەك: لېيەندۈينىڭ ئەنئەنىسىنى ئېنىق سۆزلەپ بېرەلمىسە ئۆتەلەيدىن ئۆتەلمەيدۇ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگەنمىسە ئۆتكەلدىن ئۆتەلمەيدۇ، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە باھالىشىدىن ئۆتەلمىسە ئۆتكەلدىن ئۆتەلمەيدۇ.

لېيەندۈي ئېسىل ئەنئەنىنى ھەسسىلەپ قەدىرلەش، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشتا پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشتەك مۇتلەق سادىقلىققا تايىنىدۇ.

گازارمىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ، لېكىن ئەنئەنىنى يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. «قىزىل گېننى قوغداش بىزنىڭ ئىدىيە بازىسىنى چىڭ ساقلىغانلىقىمىزدۇر، ‹قىزىل ئارمىيە شىسى روھى› گەرچە بوران ـ چاپقۇننىڭ سىناقلىرىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋارىسلىق قىلغۇچىلار مەيلى قانداق ئۆزگەرسۇن، قىسىم مەيلى قانداق ئالماشسۇن، تۈركۈم ـ تۈركۈم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ كۈچ ئۇلىشى بىلەن داۋاملىشىپ كەلمەكتە، يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلماقتا» دېدى جاڭ خاۋ.

## ■ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلالايدىغان بولۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، 3 ـ لېيەندىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر چېگرا رايوندىكى چوڭ قوملۇقنى چىڭ ساقلاپ، خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى، ئېگىزلىكتە چېگرانى قوغداش قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم، زور ۋەزىپىلەرنىڭ سىنىقىغا ساداقەت بىلەن لاياقەتلىك جاۋاب بەردى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ زور بىر تۈركۈم قەھرىمان نەمۇنىچىلار ۋە مەشىق تىپلىرى بارلىققا كەلدى.

بۇلتۇر 6 ـ ئايدا، داۋانچىڭنىڭ تېمپېراتۇرىسى 38 سېلسىيە گرادۇستىن ئېشىپ كەتتى، 3 ـ لېيەن تۇەنگە ۋاكالىتەن پۈتۈن شىنىڭ «نىزام بويىچە ئالدىدا ماڭغان لېيەندۈيلەرنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى»گە قاتناشتى. «ھەربىي قىياپەتنى ساقلاپ بىر سائەت تۇرۇش» تۈرىنى باھالاشتا، مۇسابىقە داۋاملىشىپ 40 مىنۇتلار بولغاندا، جەڭچىلەردىن ھەر نەچچە مىنۇتتا بىرسى يىقىلدى. «مەن شۇ چاغدا سەيراڭ خۇادەننىڭ يېنىدا تۇرغاندىم، ئۇنىڭ تىنىقىنىڭ بارغانسېرى تېزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىدىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم» دېدى 9 ـ بەننىڭ بەنجاڭى ۋاڭ گوپىڭ ئەسلەپ.

55 مىنۇت بولغاندا، 9 ـ بەننىڭ مۇئاۋىن بەنجاڭى سەيراڭ خۇادەن يىقىلدى. ئۇ ھەربىيچە قىياپەتنى ئازراقمۇ ئۆزگەرتمەستىن تۈپتۈز يىقىلدى. جاڭ خاۋنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، نوسىلكىدا ياتقان سەيراڭ خۇادەن ئىككى قولىدا ئىمتىھان ئالغۇچى كوماندىر ھەربىر ئادەمنىڭ قولىغا قىستۇرۇپ قويغان ئىككى كارتىنى تېخىچە چىڭ قىسىپ تۇرغانىدى. قائىدىگە ئاساسەن، كارتا چۈشۈپ كەتسە لېيەندۈينىڭ نومۇرى تارتىلاتتى.

مۇسابىقىدىن كېيىن، سەيراڭ خۇادەنگە ئېيەك سۆڭىكى سۇنغان دەپ دىياگنوز قويۇلدى. بىراق، 22 ياشلىق بۇ ژاڭزۇ يىگىت بۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلمىدى، ئۇنىڭ نەزەرىدە، لېيەندۈينىڭ شان ـ شەرىپى مۇھىم ئىدى. بۇ ھەربىر جەڭچىنىڭ يۈرەك ساداسى، شۇنداقلا ھەربىر جەڭچىنىڭ ھەرىكىتى.

3 ـ لېيەننىڭ قارىغا ئېتىش مەشىق پىلانى جەدۋىلىنى ۋاراقلىغاندا، توسالغۇدىن ھالقىپ قارىغا ئېتىش، دالىدا قارىغا ئېتىش، كۆپ خىل قىياپەتتە قارىغا ئېتىش قاتارلىق قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى تۈرلەرنىڭ 80%نى ئىگىلەيدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. «لېيەندۈيلەردىن بۇنداق مەشىق قىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز كونكرېت تۈرلەردە قىيىنلىق دەرىجىسىنى يەنە ئاشۇرىمىز.» چېن دېفېڭ «توسالغۇدىن ھالقىپ قارىغا ئېتىش»نى مىسال قىلدى، 3 ـ لېيەندىكى جەڭچىلەر پروگراممىدىكى تەلەپ بويىچە، مەشىق قىلىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن 80 جىڭ ئېغىرلىقتىكى بالوننى دومىلىتىدىكەن، 200 جىڭ ئېغىرلىقتىكى يۇمىلاق ياغاچنى يۈدۈپ توشۇيدىكەن. قارىغا ئېتىشنىڭ مۇقىملىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ھەربىر جەڭچى «گۈرۈچتىن تۆشۈك تېشىش»نى مەشىق قىلىدىكەن ـــ ھەربىر دانە گۈرۈچنىڭ كەڭلىكى ئىككى مىللىمېتىرمۇ كەلمەيدىكەن، ئۇلار گۈرۈچنى سۇندۇرۇپ قويمىغان ئەھۋالدا ئوتتۇرىدىن تۆشۈك تېشىدىكەن.

ئۇرۇش ئوتى يالقۇنجاپ تۇرغان جەڭ تۇمانلىرى ئىچىدە تاۋلانغان «جەسۇر يولۋاستەك ھۇجۇم قىلىدىغان، ھەرقانداق جەڭدە يېڭىلمەيدىغان» پولات لېيەن روھى بولغاچقا، «جەسۇر يولۋاس 3 ـ لېيەنى» پروگراممىنى ئاساس قىلىش، پروگراممىدىن ھالقىش، پروگراممىدىنمۇ قاتتىق بولۇش تەلىپى بويىچە، ئەمەلىي جەڭ قىلىش مەشىقىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، تىنچلىق يىللىرىدا ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا ئىرادە باغلاش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلالايدىغان بولۇشنىڭ ماھارىتىنە كامالەتكە يېتىشنىڭ كارتىنىسىنى نامايان قىلدى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ئوت ئۆچۈرۈش قەھرىمانى يەن جېڭلىيەن: كۈچلۈك ئوتتا تاۋلانغان ساداقەت

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جىنەن، 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى**(مۇخبىر ياڭ ۋېن) شەندۇڭ ئۆلكىسى چىڭداۋ شەھىرى خۇاڭداۋ ماي ئىسكىلاتىنىڭ ئەسلىدىكى 4 ـ نومۇرلۇق باكىنىڭ تەگلىكى يېنىدا، ئىنقىلابىي قۇربان خاتىرە راۋىقى ھەيۋەت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇپ، خۇددى 30 يىل ئىلگىرىكى مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز ئوت ئۆچۈرۈش جېڭىنى بايان قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. زور بىر تۈركۈم ئوت ئۆچۈرۈش كۈرەش قەھرىمانلىرى قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، بىر تەسىرلىك جەڭ ناخشىسىنى يېزىپ چىقتى. ھەر يىلدىكى چىڭمىڭدا، كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ، خۇاڭداۋ ماي ئىسكىلاتىدىكى كۈچلۈك ئوتنى ئۆچۈرۈش جەريانىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان ئوت ئۆچۈرۈش ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىنى ياد ئېتىدۇ.



يەن جېڭلىيەننىڭ سۈرىتى. (ماتېرىيال سۈرەت) □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

30 يىل ئۆتۈپ كەتتى، چىڭداۋ شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش تارماق دۈيى 1 ـ جۇڭدۈينىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى نۇرغۇن قېتىم ئالماشقان بولسىمۇ، لېكىن 1 ـ جۇڭدۈينىڭ سابىق مۇۋەققەت مۇئاۋىن جۇڭدۈيجاڭى يەن جېڭلىيەننىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش پەقەت ئۈزۈلۈپ قالمىدى.

يەن جېڭلىيەن، 1963 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شەندۇڭ لىنيىدا تۇغۇلغان، 1982 ـ يىلى 12 ـ ئايدا چاقىرىققا بىنائەن ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، چىڭداۋ شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش تارماق دۈيىگە كېلىپ ئوت ئۆچۈرۈش ئەسكىرى بولغان. 1983 ـ يىلى يەن جېڭلىيەن بەنجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇ يېتەكلىگەن بەن ئۇدا بەش يىل ئىلغار بەن بولۇپ باھالانغان. 1986 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يەن جېڭلىيەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1987 ـ يىلى، ئۇ سەككىز سەپدىشى بىلەن بىللە شەندۇڭ ئۆلكىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوت مۇداپىئە تېخنىكىسى بويىچە تىركىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، ئومۇمىي نومۇردا بىرىنچى بولۇشتەك ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن. ھەربىي سەپكە قاتناشقان ئالتە يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا، يەن جېڭلىيەن جەمئىي 400 قېتىمدىن ئارتۇق ئوت ئۆچۈرۈش جېڭىگە قاتنىشىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەتتە قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلانغان.

1989 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سائەت 9دىن 55 مىنۇتلار ئۆتكەندە، خۇاڭداۋ ماي ئىسكىلاتىدىكى 5 ـ نومۇرلۇق ماي باكىنى چاقماق سوقۇۋېتىپ پارتلاپ ئوت كېتىپ، 16 مىڭ توننا نېفىت كۆيۈپ ئېقىپ چىقىپ، ئەتراپتىكى چوڭ ـ كىچىك 15 ماي باكى ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىخەتەرلىككە ئېغىر تەھدىت سالغان. سائەت 10دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، يەن جېڭلىيەن بۇيرۇققا بىنائەن ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى ۋە جەڭچىلەرنى باشلاپ ئوت كەتكەن مەيدانغا ئۇچقاندەك بېرىپ، 5 ـ نومۇرلۇق ماي باكىنىڭ شەرق تەرىپىدىن 30 مېتىر كېلىدىغان جايدىكى 4 ـ نومۇرلۇق ماي باكىنى سوۋۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلىنىڭ سىرلىرىنى قىزدۇرۇپ ئېتىلدۇرۇۋەتكەن. يەن جېڭلىيەننىڭ قالپىقى، نىقابى قىزىپ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ئالدىنقى سەپتە كۈرەش قىلىپ، ئۇدا ئۈچ سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت جەڭ مەيدانىدىن چېكىنمىگەن.

سائەت 14لەردە، شامال يۆنىلىشى تۇيۇقسىز ئۆزگەرگەن. 5 ـ نومۇرلۇق ماي باكىدىكى كۈچلۈك ئوت 4 ـ نومۇرلۇق ماي باكىغا يامراپ كەلگەن، باك دىۋارىدىن ئايپاق ئىس كۆتۈرۈلۈپ، تېخىمۇ زور ئاپەت يۈزبېرىش خەۋپى تۇغۇلغان. خەتەرلىك ئەھۋالدا، يەن جېڭلىيەن سالماقلىق بىلەن بىر تەرەپتىن، يەنە ئىككى سۇ پۈركۈگۈچنى يۆتكەپ كېلىپ سۇ پۈركۈش كۈچىنى كۈچەيتىشكە قوماندانلىق قىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن، ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرنى باشلاپ ھاۋاغا سۇ پۈركۈپ، ئىككى ماي باكى ئارىسىدا سۇ پەردىسى ھاسىل قىلىپ، ئوتنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشقان.

شامال كۈچىيىپ ئوت شىددەت بىلەن كۆيۈپ، ئەھۋال ئېغىرلاشقانلىقتىن، قوماندان كەسكىنلىك بىلەن نەق مەيداندىن چېكىنىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن. بۇ چاغدا يەن جېڭلىيەن ئۆزىنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن ھېسابلاشماي، ئالدى بىلەن جەڭچىلەرنىڭ چېكىنىشىگە قوماندانلىق قىلغان. كۆپ ساندىكى كىشىلەر چېكىنىپ بولغاندىن كېيىن، يەن جېڭلىيەن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئىككى يېڭى جەڭچىنىڭ يەنىلا سۇ پۈركۈگۈچ بىلەن سۇ چېچىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، دەرھال بىر تەرەپتىن ۋارقىراپ، بىر تەرەپتىن ئۇلارغا قاراپ يۈگۈرگەن. ئۇ ۋە ئىككى يېڭى جەڭچى چېكىنىۋاتقاندا، 4 ـ نومۇرلۇق ماي باكى پارتلاپ، سېمونت پارچىلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە چاچرىغان، ئوت يالقۇنىنىڭ ئېگىزلىكى نەچچە يۈز مېتىرغا يەتكەن، نەچچە مىڭ توننا نېفىت ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان، يەن جېڭلىيەن بىلەن ئىككى يېڭى جەڭچىنى مىڭ گرادۇسقا يېقىن نېفىت ئوتى يالقۇنى يۇتۇپ كېتىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

شۇ قېتىمقى پارتلاشتا، چىڭداۋ شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش تارماق دۈيىدىن جەمئىي 14 ئوت ئۆچۈرۈش ئوفىتسېر ـ ئەسكەر قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، 80 نەچچە ئادەم يارىلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ جۇڭدۈيدىن تۆت ئادەم قۇربان بولغان، 15 ئادەم يارىلانغان، خادىملارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قۇربان بولۇپ يارىلىنىپ، پۈتۈن تارماق دۈي بويىچە زىيان ئەڭ زور بولغان بىر جۇڭدۈي بولۇپ قالغان.

سەپداشلىرى يەن جېڭلىيەننىڭ نەرسىلىرىنى رەتلەۋاتقاندا، بىر پارچە قان بىلەن يېزىلغان «جەڭگە قەتئىي قاتنىشىش ئىلتىماسى»نى بايقىغان. 1987 ـ يىلى چوڭ ھىنگان تېغى ئورمانلىقىدا پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتى يۈزبەرگەن. يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، چىڭداۋ شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش تارماق دۈينىڭ ئوت ئۆچۈرۈش زەربىدارلار ئەترىتى تەشكىللەپ، ھەر ۋاقىت ئوت مەيدانىغا بېرىش بۇيرۇقى كۈتۈشى تەلەپ قىلىنغان. يەن جېڭلىيەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال بارمىقىنى چىشلەپ قان چىقىرىپ، بۇ جەڭگە قاتنىشىش ئىلتىماسىنى يېزىپ پارتىيە تەشكىلاتىغا تاپشۇرغان. ئۇ: مەن چوڭ ھىنگان تېغىغا چىقىشنى ئىلتىماس قىلىمەن! دەپ يازغان. كوماندىر ـ جەڭچىلەر ھەر قېتىم چىن يۈرەك ۋە ئىسسىق قان بىلەن يېزىلغان بۇ جەڭ قىلىش ئىلتىماسىنى كۆرگەندە تەسىرلەنمەي تۇرالمايدۇ.

1989 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، قوراللىق ساقچى قىسىم باش بۆسى يەن جېڭلىيەننى «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ تەستىقلىغان. 1989 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت يەن جېڭلىيەنگە «ئوت ئۆچۈرۈش كۈرەش قەھرىمانى» دەپ تولۇقلاپ نام بېرىپ «1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» مېدالى بەرگەن. 1989 ـ يىلى، چىڭداۋ شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش تارماق دۈيى 1 ـ جۇڭدۈيى خۇاڭداۋدىكى ئوت ئۆچۈرۈش، خەتەردىن قۇتقۇزۇش كۈرىشىدە ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغانلىقتىن، كوللېكتىپ 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىنغان.

چىڭداۋ شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش تارماق دۈيى جېجياڭ يولى(ئەسلىدىكى 1 ـ جۇڭدۈي) جۇڭدۈيجاڭى دۇڭ خۇڭلىن مۇنداق دېدى: «ئىنقىلابىي قۇربان يەن جېڭلىيەن 1 ـ جۇڭدۈيىمىزدىكى پېشقەدەم ئەسكەر، 1 ـ جۇڭدۈيىمىزنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس شان ـ شەرىپى. ھەر يىلى 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ۋە چىڭمىڭدا بىز ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئوت ئۆچۈرۈش ئىشلىرىغا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىمىز.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)